# بىز جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئى قىلىندۇق، لىكىن كەسكىن تەكىتلەنمىدى

ئۇممۇ ئەتىييە ئەلئەنسارىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىز جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئى قىلىندۇق، لىكىن كەسكىن تەكىتلەنمىدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۇممۇ ئەتىييە ئەلئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلۇغ ساھابىلەردىن بىرى، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللارنى جىنازىغا ئەگىشىپ مېڭىشتىن توسقانلىقىنى بايان قىلغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئاجىز ۋە ھېسسىياتچان، ئەرلەردەك كۆتۈرەشلىك ۋە سەبىرچان ئەمەس، ئاياللار جىنازىغا ئەگىشىپ مېيىتنى چىققاندا كۆتۈرەپ مېڭىش ۋە قەبرىسىدە قويۇپ قايتىش ئىشلىرى بۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ دە ئۇلار نال-پەرياد قىلىپ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىدۇ. بىراق ئۇممۇ ئەتىييە ئۇممۇمى ئەھۋالدىن، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ چەكلىمىسى قەتئى ۋە كەسكىن بولمىغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى ھارام ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن. توغرا كۆز قاراشتا بۇ ئىش چەكلەنگەن. ئىبنى دەقىق ئەلئىيد: ئاياللارنى جىنازىغا ئەگىشىشتىن كەسكىن توسقان مەنىدە كۆپ ھەدىسلەر كەلدى، دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3228

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee